### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

# ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى

(2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان دۆلىتىمىز يولۇققان تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇملىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى. تۇيۇقسىز تارقالغان ئېغىر يۇقۇم ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، كەسكىن تەدبىر بەلگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى تېز باشلاپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى ئەڭ زور چەكتە قوغداپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش قوماندانلىقىغا، بىرتۇتاش ماسلاشتۇرۇشىغا، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىپ ئۆلچەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئالدىن سىگنال بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، «تۆت بالدۇر» تەدبىرى ۋە «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋاقتىدا بايقاپ، تېز بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەل ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇپ، ۋىرۇس تارقىلىدىغان خەتەرلىك جەريانىنى كۈچلۈك ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش خاراكتېرلىك ئادەتتىن تاشقىرى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن دائىملىشىشقا قاراپ ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەشتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش زور جېڭىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىر مەيدان مىسلىسىز جاپالىق تارىخىي چوڭ سىناقنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مىللەت روھى ۋە دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇردى، تۇغراق روھى ۋە بىڭتۇەن روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەشتە، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئالدى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار مۇھىم تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئاتاكىدا ئالدىدا ئۆتتى، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر تولۇق قوراللىنىپ قارشى يۆنىلىشتە ئىلگىرىلەپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى سادىقلىق بىلەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇردى، كەنت، مەھەللە خىزمەتچىلىرى كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەتچىلىك قىلىپ، ھېرىپ ـ چارچاشتىن باش تارتمىدى، ئاخبارات خىزمەتچىلىرى خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكتى، پىدائىيلار ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ، پايدا ـ زىيان بىلەن ھېسابلاشمىدى، ھەر مىللەت ئامما چوڭ ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولدى، 25 مىليوندىن ئارتۇق تيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرى ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، قەلبداش بولۇپ، ئىتتىپاقلىق — كۈچ دېگەندىن ئۇلۇغ دەۋر يۈگمە رەسىمنى سىزىپ چىقتى.

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلقنىڭ ئىشەنچى، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچى، مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۆت چاۋ قاتارلىق 900 يولداشقا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نام بېرىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش مەركىزى قاتارلىق 299 كوللېكتىپقا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نام بېرىشنى قارار قىلدى. تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخس ۋە ئىلغار كوللېكتىپلارنىڭ شەرەپنى قەدىرلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئۆلگىلىك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يەنە ئەلا نەتىجە يارىتىشىنى، يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھازىر، يۇقۇم يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامرىماقتا، ئاغرىق مىساللىرى ئاندا ـ ساندا تارقىلىش ۋە قىسمەن دائىرىدە يۇقۇم پارتلاش خەۋپ ـ خەتىرى يەنىلا مەۋجۇت، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرەشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنە سىجىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، قىلچە بوشاشماي، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، بىرلىشىپ تىزگىنلەپ، ئامما ئالدىنى ئېلىپ، ئامما تىزگىنلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، سىگنال بېرىش، كۆزىتىپ ئۆلچەش مېخانىزمىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈشى كېرەك.

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ

# ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى

(2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)

100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان، يامان ئەلپازدا كەلگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتكە رەھبەرلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى باشلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كېسەلگە قارشى كۈرەش قىلىش تارىخىدا يەنە بىر باتۇرانە ئۇلۇغ ئىشنى ياراتتى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەمىمىي كۆڭۈل بۆلۈشى، بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي، كەسكىن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، «ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش» ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت تەرەپ مەسئۇلىيىتى»نى چىڭىتىپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، سىگنال بېرىش مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، بىرلىشىپ تىزگىنلەپ، كەسپىي ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئامما ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئامما ئالدىنى ئېلىپ، ئامما تىزگىنلەپ، قىلچە بوشاشماي سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى دائىملىق ياخشى تۇتۇپ، قىسمەن رايونلاردىكى يۇقۇمنى يوقىتىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ روھى، شىنجاڭ كۈچى، شىنجاڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى.

بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، كەڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۆيرۈقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇرچىنى ئادا قىلىپ، جىددىي سەپەرۋەر قىلىپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى؛ كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ئۈتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلدىغان، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ باتۇرانە ئىپادىسى ۋە ئالىيجاناب روھى پارتىيەمىزنىڭ جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ ئاساسىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرغانلىقىنى روشەن، ئېنىق جاكارلاپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتەك قىممەت ئىنتىلىشىنى جانلىق نامايان قىلدى، كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان سىياسىي پەزىلىتىنى مەركەزلىك نامايان قىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ سادىق، قەتئىي بولۇش، قۇربان بېرىشكە جۈرئەت قىلىشتەك مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش خىسلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەقدىرلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىش، بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شۇ مىن قاتارلىق 196 كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسىغا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسى» دېگەن نام بېرىشنى، لياڭ چاۋ قاتارلىق ئۈچ كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسىغا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسى» دېگەن تولۇقلاپ نام بېرىشنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا ۋاقىتلىق پارتىيە كومىتېتى قاتارلىق 150 ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىغا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى» دېگەن نام بېرىشنى قارار قىلدى. تەقدىرلەنگەن پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ شان ـ شەرەپنى قەدىرلەپ، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، باشتىن ـ ئاخىر نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش غەلىبىسىنىڭ يېڭى نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلاش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يېڭى مۇساپىسى باشلاشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا، ۋەزىپە مۇشكۈل، مەسئۇلىيەت ئېغىر، زور. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، تەقدىرلەنگەن ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىكى قەتئىي ئىشەنچكە ئايلاندۇرۇپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، خەلق قەلبىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ مۇھىم، زور نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈردۇق. بۇ مەيدان مىسلىسىز جاپالىق چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 25 مىليوندىن ئارتۇق كادىر، ئامما مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، قەلبداش بولۇپ، مۇستەھكەم ئېتىقاد، كۈچلۈك ئىرادە، ئېگىلمەس ـ سۇنماس تىرىشچانلىق ئارقىلىق قاتمۇقات سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىدىغان قەھرىمانلىق مەدھىيە ناخشىسىنى پۈتتى. تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز چىڭ تۇرۇپ، ئۈن ـ تىنسىز ئۆزىنى بېغىشلىغان مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى گەرچە تارىخنىڭ ئۇزۇن ئېقىنىدىكى قىسقىغىنا بىر پەيت بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسنىڭ جىسمىدا نامايان بولغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ھايات ـ ماماتلىق سىناقتا تاۋلىنىپ شەكىللەندۈرگەن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق، بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىپ، بىر غەلىبىدىن يەنە بىر غەلىبىگە يۈرۈش قىلىشقا يېتەكلەيدىغان مەنىۋى كۈچ. بىز بۇ خىل ئۇلۇغ روھنى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەم ئۇنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل»دا كۈرەش قىلىش، يېڭى مۇساپىگە جاسارەت بىلەن ئاتلىنىش، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۇلۇغ روھ ئەزەلدىن ئابستراكت مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان ھەربىر قەھرىماننىڭ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىقىدەك تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنىڭ ھەممىسى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھى ئۈچۈن جانلىق ئىزاھات بولدى. تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا، پۈتۈن جەمئىيەت ئىلغارلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ئاتاكىدا ئالدىدا ئۆتۈشتەك قەھرىمانلىق جاسارىتىدىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ سادىق، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەشتەك ئىرادىسى ۋە پەزىلەتىدىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، كەسپىنى قەدىرلەپ ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئېسىل ئىستىلىدىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇشتەك دەۋر مەسئۇلىيەتچانلىقىدىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشتەك ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىدىن ئۆگىنىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەشتىكى قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا، يەنە سىياسىي ئاڭنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ قىلچە بوشاشماي دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك؛ ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ساغلام شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك؛ پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرۈشكە جاسارەت بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئويمان ـ دۆڭلەرنى تۈزلەپ داغدام يول ئېچىش، خەۋپ ـ خەتەرلەرنى يېڭىپ يەنە ئاتلىنىش. بىز يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا تاۋلىنىپ چىققان ئۇلۇغ روھتىن تولۇق پايدىلىنىپ، «قانچە جاپالىق، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەش»تەك كۈرەش قىلىش ھالىتى، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىدىغان، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا تىز پۈكمەيدىغان قورقماس جاسارەت بىلەن بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشىمىز كېرەك.